# 228377 ـ كىشلەرنىڭ سوئالىغا ئاساسەن دىنى ئۆلىمالارنىڭ پەتىۋالىرىنى كىشلەرگە يەتكۈزۈشتە ئېككىلىنىپ قالىدىغان دىنى ئوقۇغۇچى توغرىسىدا

**سوئال**

مەن سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى يىڭىدىن ئوقۇشنى باشلىغان ئوقۇغۇچى، مېنىڭ سۆرىيلىك بەزى تۇغقانلىرىم بار، ئۇلار مەندىن بەزى سوئاللارنىڭ جاۋابىنى تېپىپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلىدۇ، مەن جاۋاپ تېپىپ بېرىشكە تىرىشىمەن، مەسىلەن: ئۇلار ۋىتىر نامىزى توغرىسىدا سورايدۇ، سىلەرنىڭ ئۇ توغرىدىكى پەتىۋالىرىڭلارنى يەتكۈزۈپ بېرىمەن، ئۇلار ھىجابنىڭ ھۆكمى ۋە ئۇنىڭ دەلىلى توغرىسىدا سورايدۇ، مەن شەيخ ئىبنى باز ۋە شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇمۇللاھنىڭ پەتىۋالىرىنى نەقىل قىلىپ بېرىمەن، ئۇلار بەزى ئاددى مەسىلىلەرنى سورايدۇ، ئۇلارغا جاۋاپ  يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن ئۆلىمالاردىن سورايمەن، ئىلمىنىڭ تارقىلىشى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قانداق دۇرۇت ـ سالام ئېيتىش توغرىسىدا خەۋەر بېرىمەن، ئۇلارنىڭ سوئاللىرىنىڭ ھەممىسىگە سىلەرنىڭ ۋە ئىسلام ۋەيب تورىنىڭ پەتىۋالىرىنى يۆتكەپ بېرىمەن، ئۇلارنىڭ سوئالىغا جاۋاپ يەتكۈزۈپ بېرىدىغان بۇ ئىش ياخشى ھېسابلىنامدۇ؟ بەزى ماڭا شۇنداق ۋەسۋەسىلەر كېلىدۇ، ماڭا بەزىدە ئۇلارنىڭ سوئاللىرىنى ئۆلىمالارغا يەتكۈزمىگەنلىك ۋەسۋەسىسى كېلىدۇ، ھازىردىن باشلاپ يەتكۈزمەن، ئۇلارغا دەيمەن ۋە ئىزدىنىمەن... بىلمەيدىغانلىرىمنى ئېككىلەنمەستىن، تىزلا "بىلمەيمەن" دەيمەن، ئۇلار بەزىدە كۆپ سوئاللارنى سورايدۇ، سىلەرچە قانداق قىلىشىم كېرەك، مەن توردىكى تەكشۈرۈلگەن جاۋاپنى ئىزدەيمەن، مۇقىملاشتۇرغاندىن كېيىن نەقىل قىلىمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ۋە سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى:

سىزنىڭ دىنى ئىلىم ئۆگىنىۋېلىشقا ۋە ئۇنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈشكە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىڭىزگە ئاللاھ تائالا ياخشى مۇكاپات بەرسۇن، سىز ئاللاھ ئۈچۈن توغرا نىيەت بىلەن ئىش قىلىسىڭىز، ئەجىر ـ ساۋاپىقا ئېرىشىدىغانلىقىڭىز بىلەن خوش ـ خەۋەر بېرىمىز، ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرى، ئاسمان ـ زېمىن ئەھلى ھەتتا ئۆۋۈسىدىكى چۈمۈلىلەر ھەتتا بىلىقلارمۇ كىشىلەرگە ياخشىلىق ئۆگەتكۈچىگە رەھمەت ئېيتىدۇ. [تىرمىزى رىۋايىتى2609–ھەدىس. بۇ ھەدىسنى ئەلبانى سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا سەھىھ دەپ باھالىغان1838–نومۇرلۇق ھەدىس].

ئىككىنچى:

بىلگەن ئىلىمنى باشقىلارغا يەتكۈزسىڭىز گۇناھ بولمايدۇ، بۇنىڭ شەرتى: ـ مەسىلىلەرنى ئېنىقلاپ، ئىشەنچلىك ئىلىم مەنبەلىرىدىن نەقىل قىلىش كېرەك.

ـ نەقىل قىلىشتا خاتا كەتمەسلىك ئۈچۈن نەقىل قىلغان نەرسىنى توغرا چۈشەنگەنلىكىڭىزنى ئېنىقلىشىڭىز كېرەك.

ئىلىمنى نەقىل قىلغۇچىنىڭ تىرىشچان ئالىملاردىن بولۇشى شەرت ئېتىلمەيدۇ، لېكىن نەقىل قىلغان نەرسىسىنى چۈشىنىدىغان بولۇشى شەرت ئېتىلىدۇ، بۇ توغرىدا ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇئەنھۇ: ئى ئىنسانلار! مەن سىلەرگە بىر سۆزنى دەيمەن، ئۇنى چۈشەنگەن ۋە ئېسىدە تۇتقانلار ئۇلاغلىرى يەتكەن يەرگىچە بىرىپ يەتكۈزسۇن، چۈشۈنەلمەسلىكتىن ئەنسىرىگەن كىشىلەر سۆزلىمىسۇن، ھېچكىمنىڭ ماڭا يالغاننى چاپلىشىغا رۇخسەت قىلمايمەن دېگەن. [ئىمام بۇخارى رىۋايىتى 6830-ھەدىس].

ئىبنى بەتتال رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: چۈشەنگەن ۋە ئېسىدە تۇتقانلار ئۇنى سۆزلىسۇن يەنى: چۈشەنگەن ۋە ئېسىدە تۇتقان بويىچە سۆزلىسۇن. بۇنىڭدا ئىلىمنى چۈشەنگەن ۋە ئىگەللىگەنلەرنى ئىلىمنى يەتكۈزۈش ۋە نەشىر قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەن.

چۈشۈنەلمەسلىكتىن ئەنسىرىگەن كىشىلەر سۆزلىمىسۇن، ھېچكىمنىڭ ماڭا يالغاننى چاپلىشىغا رۇخسەت قىلمايمەن دېگەن سۆزىدە: نادان ۋە چولتا كىشىلەرنى بىلمىگەن ۋە تولۇق ئىگەللىمىگەن نەرسىلەرنى سۆزلەشتىن چەكلىگەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ. ["شەرھى سەھىھۇل بۇخارى"8-توم 459-بەت].

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھدىن: "پېشقەدەم ئۆلىمالاردىن بىرىنىڭ سوئالغا بەرگەن پەتىۋاسىنى بىلسەم، مەسىلىگە شۇ پەتىۋا بىلەن ھۆكۈم قىلسام بولامدۇ؟" دەپ سورالغاندا، شەيخ جاۋاپ بىرىپ مۇنداق دېگەن: "سىز ئىلىمگە ئىشەنچ قىلىدىغان بەزى ئۆلىمالارنىڭ سۆزى بويىچە پەتىۋا يەتكۈزسىڭىز بولىدۇ، لېكىن پەتىۋانى بايان قىلغاندا، ئۇ ئالىمنىڭ سۆزىگە ۋە سىز سورالغان ئەھۋالنىڭ ئاشۇ ئالىم مەقسەت قىلىدىغان ئەھۋال ئىكەنلىكىگە جەزىم قىلغان بولسىڭىز " پالانى مۇنداق ـ مۇنداق دېدى" دېيىشىڭىز كېرەك.،

ئۇنىڭغا كەسكىنلىك بىلەن پەتىۋا بىرىشىڭگە بولمايدۇ، چۈنكى كەسكىنلىك بىلەن پەتىۋا بەرگەندىن كېيىن پەتىۋانى ئۆزىڭىزگە مەنسۇپ قىلغان بولىسىز، باشقىلاردىن نەقىل قىلسىڭىز، بۇ پەتىۋانىڭ مەسئۇلىيىتىدىن، ئۆزىڭىز ئەھلى بولمىغان نەرسىنىڭ سىزگە مەنسۇپ بولۇشىدىن سالامەت رىۋايەتچى بولىسىز.

باشقىلارغا ئەگەشكەن كىشى سۆزنى ئۆزىگە ئەمەس بەلكى ئۆزى ئەگەشكەن كىشىگە مەنسۇپ قىلىشى كېرەك، ئەمما قۇرئان ـ ھەدىستىن مەسىلىنىڭ ھۆكمىنى چىقىرالايدىغان كىشى پەتىۋانى ئۆزىگە مەنسۇپ قىلسا بولىدۇ". ["ئىبنى ئۇسەيمىن يازمىلىرى ۋە پەتىۋالىرى مەجمۇئەسى"26-توم 409-بەت].

سىزنىڭ چۈشەنچىڭىزنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە، بىرىلگەن جاۋابنىڭ سورالغان سوئالغا مۇۋاپىق كەلگەنلىكىگە خاتىرجەم

بولۇشىڭىز ئۆچۈن ــ مۇمكىن بولسا ــ كەلگەن مەسىلىنى ۋە ئۆلىمالاردىن ئېرىشكەن جاۋاپنى سىز يېقىنراق بولغان بىرەر ئۇستازغا ياكى سىزدىن يۇقىرى سىنىپتا ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىغا ئېيتىسىڭىز بۇ سىز ئۆچۈن ياخشى، ئېھتىيات قىلىش بولاتتى.

ئ     ەگەر ئۇنداق قىلىش قېيىن بولسا، ئەنسىرەپ قىلغان بىر ئىش ئۆچۈن ئۆلىمالارنىڭ سۆزىدىن ئىشەنچ قىلغان پايدىنى زايە قىلىۋەتمەڭ. بۇ ھەقتە 224858ــ نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.